بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

(ناھايىتى مېھرىبان شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**روزىنىڭ** لۇغەت مەنىسى: تۇتماق

شەرىئەتتىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ قۇياش پاتقۇچە يېمەك-ئىچمەكتىن باشقا روزىنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى تۇتۇش دېمەكتۇر.

## روزىنىڭ ئاساسى- نېگىزى:

1- نىيەت قىلىش.

2- روزىنى بۇزىدىغان نەرسىلەردىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش.

## روزىدىكى نىيەتنىڭ تۈرلىرى:

1- پەرز روزىدا تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن كېچىدە نىيەت قىلىش زۆرۈر بولۇپ، رامىزان ئېيى كىرگەندە نىيەتنى قىلىۋەتسە بولىدۇ، نىيەتنىڭ ئورنى قەلب، نىيەتنى تىل بىلەن قىلىش بىدئەتتۇر.

2- نەپلە روزىنىڭ نىيىتىنى ئەگەر روزىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلمىغان بولسا كۈندۈزنىڭ قايسى ۋاقتىدا قىلسا بولىدۇ، لېكىن ئەجىر-ساۋاب نىيەت قىلغان ۋاقتتىن ھېسابلىنىدۇ.

## روزىنىڭ تۈرلىرى:

1- پەرز روزا (بۇ رامىزان روزىسى، كاپپارەت روزىسى ۋە نەزىر روزىسىدىن ئىبارەت).

2- نەپلە روزا.

## رامىزان روزىسىنىڭ پەرز بولىشىنىڭ شەرتلىرى:

1- ئىسلام يەنى مۇسۇلمان بولۇش.

2- ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇش.

3- بالاغەتكە يەتكەن بولۇش. (بالاغەتكە يەتمىسىمۇ ئەقىللىق بولغان بالىنى چوڭلار روزا تۇتۇشقا بۇيرىدۇ).

4- مۇقىم بولۇش. (سەپەر ئۈستىدىكى كىشىگە روزا تۇتۇش پەرز بولمايدۇ، ئەگەر قىيىنچىلىق بولمىسا روزا تۇتقىنى ياخشىدۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق قىلغان، بۇنىڭ بىلەن مەسئۇلىيىتى تىزدىن ئادا بولىدۇ، روزا تۇتقۇچىغا ئاسان بولىدۇ، رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلىتىنى تاپىدۇ).

5- سالامەتلىكى ياخشى بولۇش،

6- ئايال كىشى ھەيز ۋە نىپاستىن پاك بولىشى كېرەك.



## روزا تۇتۇش مەسىلىسىدە كېسەل ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1- ساقىيىشىدىن ئۈمىت بولمىغان كېسەل، بۇنىڭغا بەك ياشىنىپ روزا تۇتالمايدىغان كىشىلەرمۇ قېتىلىدۇ، بۇنداق كىشىگە روزا تۇتۇش كېرەك بولمايدۇ، لېكىن ھەر كۈنلۈك روزىسى ئۈچۈن بىر كەمبەغەلگە يېمەك بېرىدۇ، ياكى نەچچە كۈن روزا تۇتالمىغان بولسا كۈنلەرنىڭ سانى بويىچە كەمبەغەللەرنى توپلاپ ئۇلارغا چۈشلۈك ياكى كەچلىك يېمەك بېرىدۇ، ياكى روزا تۇتالمىغان كۈنلەرنىڭ سانى بويىچە يېمەكلىكنى ھەر بىر كەمبەغەلگە يېرىم كىلو ئەتراپىدا ياخشى بۇغدايدىن تارقىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا قېتىپ قورداق قىلىدىغان گۆش ياكى ماي قاتارلىق نەرسىلەرنى بىرگە بەرسە ياخشى بولىدۇ.

2- ساقىيىشىدىن ئۈمىت بار ئەمما روزا تۇتۇشى قىيىن بولغان كېسەل، بۇنىڭغا ھەيزدار، نىپاسدار، بالا ئېمىتىۋاتقان ئايال ۋە مۇساپىرمۇ قېتىلىدۇ، كېسەل ساقايغاندىن كېيىن تۇتالمىغان كۈنلەردىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، ئەگەر شىپا تېپىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئۇ كىشىدىن روزا چۈشۈپ كېتىدۇ يەنى ئەپۇ قىلىنىدۇ.

رامىزان ئېيىنىڭ كىرگەنلىكى ئاينى كۆرۈش بىلەن ياكى شەبان ئېيىنى ئوتتۇز كۈن تولۇقلاش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ.

## روزىنى بۇزۇۋېتىدىغان ئامىللار:

(بۇ ئىشلاردا بىلمىگەن ، ئۇنتۇپ قالغان ۋە مەجبۇرلانغان كىشى ئۆزرۈلۈك بولىدۇ).

1- بىلىپ تۇرۇپ قەستەن يېيىش ۋە ئىچىش، ئەمما ئۇنتۇپ قالغان كىشىنىڭ روزىسى توغرا بولىدۇ.

2- جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش، روزا تۇتۇشى پەرز بولغان ئەر-ئايال رامىزاننىڭ كۈندۈزدە جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇلارغا ئېغىر كاپپارەت كېلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ بىر قۇلنى ئازات قىلىشتۇر، ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئىككى ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇش، بۇنداق قىلالمىسا ئاتمىش كەمبەغەلگە يېمەك بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

3- ئايالنى قۇچاقلاش ياكى سۆيۈش ياكى باغرىغا بېسىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن مەنىي چىقىپ كېتىش.

4- ئوزۇقلۇق ئوكۇلغا ئوخشاش يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسىلەر. ئوزۇقلۇق ئوكۇلدىن باشقا ئوكۇللار روزىنى بۇزمايدۇ.

5- ھىجامە قىلدۇرۇش بىلەن قان چىقىرىش، ئەمما قان تەكشۈرتۈش ئۈچۈن ئاز مىقداردا قان ئېلىنسا روزا بۇزۇلمايدۇ.

6- قەستەن ئېغىزى توشقىچە قۇسۇش.

7- ئايالالاردىن ھەيز ۋە نىپاسنىڭ قېنى كېلىش.



## روزىدا مۇستەھەپ (ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىشلار):

1- سوھۇرلۇق يېيىش.

2- سوھۇرلۇقنى تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا يېيىش.

3- ھۆل خورما بىلەن ئىپتار قىلىش، ھۆل خورما بولمىسا قۇرۇق خورما بىلەن ئىپتار قىلىش، بىر تال ئۈچ تال دېگەندەك تاق يېيىش، خورما بولمىسا سۇ بىلەن ئىپتار قىلىش، ھېچ نەرسە تاپالمىسا دىلى بىلەن ئىپتار قىلىشنى نىيەت قىلىش.

5- ئىپتار قىلىدىغان ۋاقىتتا ۋە روزا تۇتۇش جەريانىدا دۇئا قىلىش.

6- سەدىقە ۋە ياخشىلىقنى كۆپ قىلىش.

7- كېچىلىك نامازنى ئادا قىلىشقا تىرىشىش.

8- قۇرئان تىلاۋەت قىلىش.

9- ئىمكانىيىتى بولسا ئۆمرە قىلىش.

10- باشقىلار دەشنەم قىلسا، مەن روزىدار دېيىش.

11- قەدىر كېچىسىنى ئىزدەش.

12- ئىمكانىيىتى بولسا رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا تۇرۇش.

## روزىدا ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىشلار:

1- رامىزاندا تەرەت ئالغاندا ئېغىزىغا ۋە بۇرنىغا سۇ ئالغاندا بەك غار-غار قىلماسلىق.

2- ھاجەت بولمىغاندا يېمەكنى تېتىماسلىق.

## روزىدارغا دۇرۇس بولىدىغان ئىشلار:

تۈكۈرۈكنى يۇتۇش، ھاجەت بولغان يېمەكلىكنى تېتىش ياكى تۇزىنى تېتىش، يۇيۇنۇش، مىسۋاك قىلىش، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ۋە سالقىنداش قاتارلىقلار.

## روزىدارغا چەكلىنىدىغان ئىشلار:

بەلغەمنى يۇتۇۋېتىش چەكلىنىدۇ لېكىن روزىنى بۇزمايدۇ، روزىسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشىنىڭ ئايالىنى سۆيۈشى، يالغان گۇۋاھلىق، يالغان سۆز ۋە چەكلەنگەن ھەر قانداق ئىشلارنى قىلىش، نادانلىق، تەمكىن بولماسلىق، ئىككى كۈنگىچە ئىپتار قىلماي ئۇلاپ روزا تۇتۇش.

## نەپلە روزىلار:

1- رامىزان روزىسىنى تولۇق ئادا قىلغان كىشى ئۈچۈن شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇش، بۇ روزىنى روزا ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ تۇتسا ياخشى بولىدۇ.

2- ھەجگە بارمىغان كىشىلەرنىڭ ئەرەپات كۈنىدە روزا تۇتۇشى.

3- مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنىدە توققۇزىنچى ۋە ئون بىرىنچى كۈنلىرى بىلەن قېتىپ روزا تۇتۇش.

4- دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇش، بولۇپمۇ دۈشەنبە كۈنى روزا تۇتۇش تەكىتلەنگەن.

5- ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، بولۇپمۇ ئاينىڭ ئون ئۈچ، ئون تۆت ۋە ئون بەشىنچى كۈنلىرى روزا تۇتۇش.

6- بىر كۈن روزا تۇتۇپ بىر كۈن تۇتماسلىق.

7- ئاللاھنىڭ مۇھەررەم ئېيىدا روزا تۇتۇش.

8- زۇل ھەججە ئېيىنىڭ بىرىدىن ئونىنچى كۈنىگىچە توققۇز كۈن روزا تۇتۇش.

9- شەبان ئېيىدا كۆپ روزا تۇتۇش.

## مەكروھ (ياخشى كۆرەلمەيدىغان) روزىلار:

جۈمە، شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى ئايرىم-ئايرىم روزا تۇتۇش، ئەمما ئەرەپات ياكى ئاشۇرا كۈنلىرى بولۇپ قالسا بۇ ۋاقىتتا مەكروھ بولمايدۇ.

## چەكلەنگەن روزىلار:

1-رەجەپ ئېيىنى روزا تۇتۇشقا خاس قىلىۋېلىش.

2- شەك كۈنىدە روزا تۇتۇش يەنى ئەتە رامىزانمۇ ياكى شەباننىڭ ئاخىرقى كۈنىمۇ دېگەندەك-، ئەمما ئادەتتە روزا تۇتۇپ كېلىۋاتقان كۈنلىرىگە توغرا كېلىپ قالسا روزا تۇتسا بولىدۇ.

3- روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنىدە روزا تۇتۇش.

4-قۇربان ھېيتنىڭ ئون بىرىنچى، ئون ئىككىنچى ۋە ئون ئۈچىنچى كۈنلىرى روزا تۇتۇش، ئەمما قۇربانلىق تاپالمىغان كىشى ئەرەپاتقا چىقىشتىن بۇرۇن روزا تۇتمىغان بولسا بۇ كۈنلەردە تۇتسا بولىدۇ.

5- يىل بويى روزا تۇتۇش يەن ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇش.

قازا روزىنى ئارقىمۇ-ئارقا تۇتۇش ياخشى بولىدۇ، ھېيت كۈنىدىن كېيىنلا قازا روزىنى تۇتۇشقا ئالدىراش كېرەك،

بۇ يىللىق رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى كېلەر يىلى رامىزانغىچە كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ، ئەگەر ئۆزۈرسىز كېچىكتۈرگەن بولسا، ئۇ كىشى خاتالاشقان بولىدۇ، شۇ روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشتىن باشقا ئىشلار كېرەك بولمايدۇ.



## پىتىر سەدىقىسى:

رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنى، كۈن پاتقاندا مۇسۇلمان ھالەتتە بولغان، ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھېيت كۈنىدە ھاجىتىدىن ئاشقۇدەك بىر نەرسىگە ئىگە بولغان كىشىگە پىتىر سەدىقىسى بېرىش پەرز بولىدۇ، تۇغۇلمىغان تۆرەلمە ئۈچۈنمۇ بېرىش ياخشى بولىدۇ.

## پىتىر سەدىقىسىنى بېرىشتىكى ھېكمەت:

1- روزىدارنى پايدىسىز ۋە ناچار سۆز-ھەرىكەتلەردىن پاكلاش.

2- كەمبەغەللەرنى ھېيت كۈنىدە باشقىلاردىن بىر نەرسە سوراشتىن بىھاجەت قىلىش.

## پىتىر سەدىقىسىنى چىقىرىدىغان ۋاقىت:

1- ھېيتتىن بىر ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن بەرسە توغرا بولىدۇ.

2- ھېيت كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن بەرسە بەك ياخشى بولىدۇ.

## پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى:

ھەر كىشى ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرت خەلقى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان ياخشى يېمەكلىكتىن ئىككى يېرىم كىلو ئەتراپىدا بېرىشى كېرەك، يېمەكلىكنىڭ ئورنىغا نەخ پۇل بەرسە توغرا بولمايدۇ.

## ھېيت نامىزى:

ھېيت نامىزى بەش ۋاقىت ناماز پەرز بولغان ھەر قانداق كىشىگە پەرز بولىدۇ، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن باشلاپ كۈن ئېگىلگۈچە ئوقۇلىدۇ، ئەگەر نامازغا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا ئۇنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ، ھېيت نامىزىنى شەھەر سىرتىدىكى كەڭرى ئورۇنلاردا ئادا قىلىش سۈننەت، چوڭ مەسچىتلەردە ئادا قىلىسىمۇ بولىدۇ، ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن بىر قانچە تال خورما يېيىش، پاكىزلىنىش، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، نامازغا بىر يولدىن بېرىپ يەنە بىر يولدىن قايتىپ كېلىش، " ئاللاھ سىلەرنىڭ ۋە بىزنىڭ قىلغان ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلسۇن" دەپ بىر-بىرىنى تەبرىكلىسە بولىدۇ، ھېيت كېچىسى، نامازدىن كېيىن ۋە كۈن پاتقۇچە ھەر نامازدىن كېيىن مۇتلەق تەكبىر ئېيتىش سۈننەتتۇر.

تەكبىرنىڭ ئېيتىلىشى: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر،لائىلاھە ئىللەللاھ، ۋاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋە لىللاھىل ھەمدۇ».

## ھېيت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇشى:

ھېيت نامىزى خۇتبە ئوقۇشتىن بۇرۇن ئادا قىلىنىدۇ، بىرىنچى رەكەتتە ناماز باشلاش تەكبىرىدىن كېيىن ئالتە تەكبىر ئېيتىدۇ، ئىككىنچى رەكەتتە ئورنىدىن تۇرۇش تەكبىرىدىن باشقا بەش تەكبىر ئېيتىدۇ.



مەرىپەت گۈلزارى دەۋەت گۇرۇپپىسى

# روزا تۇتۇشنىڭ قانۇنىيتى

ئۇستاز دوكتۇر

ھەيسەم ئىبنى جەمىل سەرھان

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

